# 7449 - بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىنمۇ بىر قانچە يىل روزا تۇتمىغان كىشى توغرىسىدا

## سوٴئال

مەن يىگىرمە بەش ياشلىق بىر قىز، لېكىن مەن، بالاغەتكە يەتكەندىن باشلاپ يىگىرمە بىر ياشقا كىرگەنگە قەدەر روزا تۇتمىدىم، ۋە ھوروٴنلوٴق قىلىپ نامازمۇ ئوقوٴمىدىم، دادام ماڭا بوٴ توغرىدا كوٴپ نەسىھەت قىلاتتى، لېكىن مەن پەرۋا قىلمايتتىم، ھازىر نېمە قىلىشىم كېرەك بولىدۇ؟، ئاللاھ تائالا مېنى توغرا يولغا باشلىدى، مەن ھازىر روزا تۇتىۋاتىمەن ۋە نامازنىمۇ ئادا قىلىۋاتىمەن، ئۆتكەن ئىشلىرىمغا كوٴپ پوٴشايمان قىلىمەن؟. بوٴ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز موٴھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ۋە سالاملىرى بولسۇن.

تەۋبە قىلىش بىلەن ئىلگىرىكى گۇناھلار يوق بولىدۇ، سىز ئۆتكەن قىلمىشىڭىزغا پوٴشايمان قىلىپ، كەسكىن ئىرادىگە كېلىپ، ئىبادەتنى سەممىيلىك بىلەن ئادا قىلىڭ، كېچىلىك ناماز، چاشكا نامىزى ۋە باشقا نەپلە نامازلارنى كوٴپ ئوقوٴڭ، نەپلە روزا تۇتۇڭ، كوٴپ زىكىر-تەسبىھ ئېيتىڭ، قوٴرئان ئوقوٴڭ ۋە دوٴئا قىلىڭ، ئاللاھ تائالا ئۆزىگە ئىلتىجا قىلغان بەندىسىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلىدۇ.